# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي
6
جۈمە
维吾尔文 3 月6日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24992 - سان بۈگۈن 2 بەت


دۆلىتىمىز داۋالىنىش كاپالىتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرنى ئېلان قىلدى

# كۆپ قاتلاملىق داۋالىنىش كاپالىتى سىستېمىسى تېزدىن قۇرۇپ چىقىلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر چۈ تىڭ) «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ داۋالىنىش كاپالىتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېلان قىلىندى. پىكىردە جۇڭگوچە جەمئىيەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش چۆرىدىلىپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى كۈچەيتىش چىقىش قىلىنىپ، ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان، شەھەر - يېزا بىرتۇتاش پىلانلانغان، ھوقۇق - مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلغان، كاپالەت مۇۋاپىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان كۆپ قاتلاملىق داۋالىنىش كاپالىتى سىستېمىسىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىش كۆزدە تۇتۇلدى.

پىكىرنىڭ تولۇق تېكىستى جەمئىي سەككىز قىسىم، 28 ماددا بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قوش غەلبىنى قولغا كەلتۈرەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتقان ھالەت دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن مۇھىم پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، بىزنىڭ خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلىشىمىزنى ئىلمىي كۆرسەتمە ۋە مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ماس ئالغا سىلجىتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، سىجىل كۈرەش قىلىپ، تەستە قولغا كەلگەن بۇ ياخشى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭ، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، تىرىشىپ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بالدۇرراق ئومۇميۈزلۈك نورمال يولغا كىرگۈزۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش كېرەك.

بىرىنچى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قىسمەن تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تەك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىستراتېگىيەسىنى داۋاملىق ساقلاپ، رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەنبەدىن باشقۇرۇش - تىزگىنلەش ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، نۇقتىلىق سورۇنلار، نۇقتىلىق ئورۇنلاردا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، جەڭدىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پىسخىكىسى، بوششىپ كېتىش روھىي ھالىتىنى قەتئىي توسۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، چوڭ سىناقتا غەلىبە قىلىش ئىرىشىپ لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ھازىر دۆلىتىمىزدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتقان ھالەت دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا، ھازىرقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەر توغرىسىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى، بىز چوقۇم ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ چوڭ سىناقتا غەلىبە قىلىپ، تىرىشىپ لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشىمىز كېرەك.

«بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمغا بولغان ھوشيارلىقنى تۆۋەنلەتمەسلىكىمىز، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەلىپىنى تۆۋەنلەتمەسلىكىمىز، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشىمىز، پۇختا تۇتۇشىمىز، ئىنچىكە تۇتۇشىمىز كېرەك.» ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي مۇئاۋىن رايون باشلىقى شۇ شياۋجيې مۇنداق بىلدۈردى: سايباغ رايونىدا كونا ئولتۇراق رايونلار كۆپ، باشقۇرۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ، رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىپچىنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، تايانچ كۈچلەرنى ئاجرىتىپ مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىن تۆت كوللېكتىپ، توققۇز كىشى شەرەپ بىلەن مەملىكەتلىك سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسى بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار دېگەن نامغا ئېرىشتى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى، دۆلەت جۇڭيى دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 113 كوللېكتىپقا «مەملىكەتلىك سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسى بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىشنى، 472 يولداشقا «مەملىكەتلىك سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسى بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىشنى، 34 يولداشقا «مەملىكەتلىك سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسى بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى داۋاملىق بەس - بەستە پۇل ئىئانە قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللىدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش. ئۇدا بىر قانچە كۈندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى داۋاملىق بەس - بەستە پۇل ئىئانە قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللىدى. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگە قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 1 مىليون 189 مىڭ پارتىيە ئەزاسى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پۇل ئىئانە قىلدى، ئىئانە توپلاش پائالىيىتى يەنە داۋاملاشماقتا.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يەنە بىر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 70كە يەتتى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە بىر ئاغرىق مىسالى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، شۇ كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇ ئاغرىق مىسالى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئاغرىق مىسالى.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايون (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 70كە يەتتى، ھازىر دوختۇرخانىدا يېتىپ ئايرىپ داۋالىنىۋاتقانلاردىن ئۈچى بار.



3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، بورتالا شەھىرىنىڭ بىلىن خارمودۇن يېزىسى شارىلجىن كەنتىدىكى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى بۇ كەنتتىكى قارىغۇچىسى يوق بوۋاي فېڭ سۇخۇانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، يەر ئاغدۇرۇش، سولياۋ يوپۇق يېپىش قاتارلىقلارغا ياردەملىشىپ، تېرىقچىلىققا تەييارلىق قىلدى. شۇ كۈنى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى پىدائىيلار تۈرلۈك شەكىلدىكى پىدائىيلار مۇلازىمىتى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. □ يۈسۈپ غېنى فوتوسى

لېي فېڭدىن ئۆگىنىش
ئەل قەلبىنى ئىللىتىش

## ئالدىنقى ئىككى ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 17.7% ئاشتى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز دەل جايىدا كۈچەپ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتىكى قىيىن نۇقتا، توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كۆمۈركان كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچلۈك، تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈرچىلىك ساھەسىدە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانا 55 كە يەتتى، 1 - ئايدىن 2 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 37 مىليون 511 مىڭ 100 تونىنغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 17.7% ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىز رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇختا، تىزگىنلىگىلى بولۇش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، مۇددەتتە بۆلۈش، تۈركۈمگە بۆلۈش، بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «بىر كارخانىغا بىر سىياسەت» ئۇسۇلى بويىچە، كۆمۈركان كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە خادىملارنى كۆپەيتىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى تەرتىپلىك ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

ئاپتونوم رايون «پىكىر» تارقاتتى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، ياردەم بېرىش - يۆلەش ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايون «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، ياردەم بېرىش - يۆلەش ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقىتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئالاھىدە مەزگىلدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي خەلق تۇرمۇشى تۆۋەن چېكىنى تولۇق مۇستەھكەملىدى، تولۇق پۇختىلىدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تېگى - تەكتىنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، خىزمەت تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر بالدۇر بايقاش، بالدۇر ئارىلىشىش، بالدۇر قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەھەللە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون «پىكىر» تارقاتتى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش - يۆلەش، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىر** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئاپتونوم رايون «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش - يۆلەش، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقاتتى. «پىكىر»دە كۆڭۈل بۆلۈش - يۆلەش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇلازىمىتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆپ تۈرلۈك ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش - يۆلەش، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش خىزمىتى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)